دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى

# يۇقىرى سۈپەتنى چىڭ كۆزلەش يېڭى تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئالتە يىلنى ئەسلەيدىغان بولساق، تاشقى مۇھىتتا چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان، ئىقتىسادنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىش تەسىرى گەۋدىلىنىۋاتقان ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش مەزگىلىدە، شىنجاڭ باشتىن ـ ئاخىر يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى تەرەققىيات پۈتۈن ۋەزىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلدۇرغان قىممەت يۆنىلىشى ۋە ئىدىيەۋى روھ قىلىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈردى.

شىنجاڭ بىر باش نىشاننى پۇختا تۇرغۇزۇپ، مۇقىملىق ۋە تەرەققىياتتىن ئىبارەت ئىككى ئاچقۇچلۇق نۇقتىنى چىڭ تۇتۇپ، مۇرەككەپ خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش قابىلىيىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسنى تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، مۇقىملىق پايدىسىنى قويۇپ بېرىپ، تەرەققىيات ئارقىلىق خەلق رايىنى مۇجەسسەملەپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىن ئىبارەت شاھمات ۋەزىيىتىدە پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلماقتا.

— يېڭىلىق يارىتىش بىرىنچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندى. يېڭى تېخنىكا، يېڭى مەھسۇلات، يېڭى كەسىپ ھالىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، ئىقتىسادىي قۇرۇلما ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتى، ساياھەتچىلىك، سودا، ئەشيا ئوبوروتى قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدىكى زامانىۋى مۇلازىمەت كەسىپلىرى تېز تەرەققىي قىلىپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولىدىغان يېڭى موتورغا ئايلاندى.

— ماسلاشتۇرۇش ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندى. مالىيە، سېلىنما، پۇل مۇئامىلە، ئىختىساسلىقلارغا ئائىت بىر قاتار ئالاھىدە سىياسەتلەر جەنۇبىي شىنجاڭغا مايىللاشتۇرۇلۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات ئاساسى پۇختىلاندى، شۇنداقلا جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭنىڭ رايونلار ماسلىشىپ تەرەققىي قىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

— يېشىل بولۇش ئومۇمىي ھالەتكە ئايلاندى. «ئۈچ يۇقىرى» تۈرلەرنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى قاتتىق چەكلىنىپ، ئېنېرگىيە، قېزىلما بايلىق ئېچىشتا «بىر قوللۇق» تەستىقلاش تۈزۈمى قاتتىق ئىجرا قىلىنىپ، ئېكولوگىيە تۆۋەن چېكى قىزىل سىزىقى قەتئىي ساقلىنىپ، يېشىل رەڭ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى ئەڭ يارقىن رەڭگە ئايلاندى.

— ئېچىۋېتىش مۇقەررەر يولغا ئايلاندى. يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشى تېز ئالغا سىلجىتىلىپ، شىنجاڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» تەرەققىيات چوڭ ۋەزىيىتىگە تېز سىڭىشىشتە ئۆزگىچە رايون ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلدى.

— ئورتاق بەھرىلىنىش تۈپ مەقسەتكە ئايلاندى. خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇلۇپ، شۇ دەرىجىلىك مالىيە چىقىمىنىڭ 70%تىن كۆپرەكى خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ياخشىلاشقا ئىشلىتىلىپ، تەرەققىيات خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا، يەرلىككە نەپ يەتكۈزۈشتە، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ھەققىي ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

مۇقىملىق چوڭقۇرلىشىپ تەرەققىيات كۆزلەندى، تەرەققىيات ئارقىلىق مۇقىملىق ئىلگىرى سۈرۈلدى، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنىڭ «سۈپىتى» تېخىمۇ ئاشۇرۇلدى. 2014 ـ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ GDPسى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7.7% ئاشتى، 2017 ـ يىلى ترىليون يۈەندىن ئېشىپ، 2019 ـ يىلى 1 ترىليون 359 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە يەتتى.

«ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى ئىدىيە ھەرىكەتنىڭ باشلامچىسى. يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى ئومۇمىي ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك بولغان، نېگىزگە مۇناسىۋەتلىك بولغان، يىراق كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان يۆنىلىش بولۇپ، ئىستراتېگىيىلىك خاراكتېرگە، پروگراممىلىق خاراكتېرگە، يېتەكلەش خاراكتېرىگە ئىگە» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شۇ بىن.

## ئورۇنلاشتۇرۇش ئەلالاشتۇرۇلغان بىر تەرەققىيات ئاساسىي لىنىيەسى

كەلپىن ناھىيەسىدىكى چەيتى نان يېقىش ھۈنىرى ۋارىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، يۇرچى يېزىسى تومبۇرىق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى غۇلام مۇتەللىپ نان يېقىش ھۈنىرىگە ئاللىقاچان پىششىق كەتكەنىدى. ھالبۇكى، سانائەتلىشىشنىڭ ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتكەنلىكى يەنىلا ئۇنىڭ نانغا بولغان تونۇشىنى تۈپتىن ئۆزگەرتتى.

«ئىلگىرى بىر ئائىلە كىشىلىرى تونۇردىن نېرى كېتەلمەيتى، بىر كۈن جاپا تارتىپ ئاران 150 نان ياقاتتۇق، ئايدا 2000 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلاتتۇق. ھازىر ئاقما لىنىيە مەشغۇلاتى قىلىپ ھەر كۈنى 700گە يېقىن نان يېقىپ، ئايدا 8000 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلىدىغان بولدۇق» دېدى غۇلام.

كەسپلەشتۈرۈش يولى ئارقىلىق، ناندىن ئىبارەت 1000 يىللىق تارىخقا ئىگە بۇ خاس يېمەكلىكتە تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتىدۇ، ئىشىك ئالدىدىكى تونۇرغا نان يېقىش ئۇسۇلىدىن كەسپلەشتۈرۈش يولىغا مېڭىش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولىدىغان، خاس كەسىپنى زورايتىدىغان، كۈچەيتىدىغان يېڭى تۈۋرۈككە ئايلاندى.

كەسىپ زەنجىرىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە كۆلەم ئېففېكتىدىن پايدىلىنىپ يېڭى رىقابەت ئەۋزەللىكى شەكىللەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، يېڭى كەسىپلەر تۈپىنى يېتىلدۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش — بۇ دەل تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنىڭ تېگىشلىك مەزمۇنى.

بۇ ئالتە يىلدا، شىنجاڭنىڭ تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلغان تەرەققىيات يولى كونسېرى ئايدىڭلاشتى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قۇرۇلمىسى، كەسىپ قۇرۇلمىسى، مۇھىم ئامىل قۇرۇلمىسى، ئېشىش شەكلى مىسلىسىز ئەلالىشىپ قايتا تەشكىللەندى.

باشلامچى كۈچەيتىلىپ، «كونا ئىسىم كارتىسى» تېخىمۇ تونۇتۇلدى ——

ئەنئەنىۋى بولىسلا قالاق بولامدۇ؟ بۇ يىل 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، 69 يىللىق تارىخقا ئىگە باۋگاڭ گۇرۇھى شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر چەكلىك شىركىتىنىڭ ئوكسىگېنلىق دومنا پېچىغا ئوت يېقىلدى، ھەمدە 1 ـ باسقۇچلۇق سانائەت سىنىقىنى باشلاپ، دۇنيا پولات ـ تۆمۈر كەسپىدىكى تېخنىكىلىق قىيىن مەسىلىلەرگە رەسمىي جەڭ ئېلان قىلدى. بۇ شىركەتنىڭ باش مۇدىرى شياۋ گودۇڭ پەخىرلەنگەن ھالدا مۇنداق دېدى: 1 ـ ئاۋغۇست پولات ـ تۆمۈر شىركىتى پائال ھەم تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنىڭ تەلىپى بويىچە، كارخانا ئىسلاھاتى بىلەن تېپىنى ئۆزگەرتىپ تەرەققىي قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، تۈپتىن ئۆزگىرىش ھاسىل قىلماقتا.

زەنجىر تولۇقلىنىپ، كەسىپ يېگانە ئارىلى ھالىتى ئۆزگەرتىلدى ——

بۇ نەچچە يىلدا، شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى شىنجاڭ ئىچىدىكى سېتىۋېلىش تورى ۋە شىنجاڭ سىرتىدىكى سېتىش تورىدىن ئىبارەت «ئىككى تور» قۇرۇلۇشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن چىڭ تۇتۇپ، شىنجاڭ ئىچىدە 11 ساقلاش، پىششىقلاش، سودا، يىغىش ـ تەقسىملەش مەركىزى قۇرۇپ، ياڭاق، چىلان، ئۆرۈك قاتارلىقلار ئىشلەپچىقىرىلىدىغان باغ ـ ئورمانچىلىق ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىنى قاپلاپ، بازا، پىششىقلاش، سودا، سوغۇق ساقلاش زەنجىرى بويىچە ئامباردا ساقلاش، ئەشيا ئوبوروتىدا تەقسىملەپ يەتكۈزۈشتىن تېرمىنالدا سېتىشقىچە بولغان پۈتۈن كەسىپ زەنجىرى تورلاشقان تەرەققىيات سۇپىسى بەرپا قىلدى. شىنجاڭ سىرتىدىكى سېتىش تورى 3348گە يېتىپ، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشتا ئەنئەنىۋى يولدىن مەھەللىدە بىۋاسىتە سېتىش، مۇستەقىل تىجارەت قىلىشتىن پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ھەمكارلىشىپ تىجارەت قىلىشقا يۈزلىنىشتەك ئۆزگىرىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

…

تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنىڭ سىجىل چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭ ئۈچ كەسىپ تەرەققىيات ئورۇنلاشتۇرمىسىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇردى ——

1 ـ كەسىپنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئاشلىقنى مۇقىملاشتۇرۇپ، كېۋەزنى ئەلالاشتۇرۇپ، چارۋىچىلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، باغۋەنچىلىكنى كۈچەيتىپ، خاس كەسپلەرنى گۈللەندۈرۈپ، زامانىۋى يېزا ئىگىلىك كەسىپ سىستېمىسى، ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسى ۋە تىجارەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشنى تېزلەتتى.

2 ـ كەسىپتە مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، نېفىت، خىمىيە سانائىتى قاتارلىق ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنى ئۆزگەرتىش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، تەرەققىيات يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى پائال يېتىلدۈردى.

3 ـ كەسىپنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مۇلازىمەت كەسپىنى زورايتىش، ئەلالاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەشنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، ئېھتىياج يوشۇرۇن كۈچىنى قويۇپ بەردى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىگە زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، ساياھەت كەسپىنىڭ سۈپىتىنى ئاشۇرۇپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىپ، ساياھەت بازىرىنى سىجىل جانلاندۇردى، 2014 ـ يىلى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 50 مىليون ئادەم قېتىمغا يەتمەسلىكتىن 2019 ـ يىلى 200 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئېشىپ، «شىنجاڭ ياخشى جاي»سۈپەتلىك ماركىسى تېخىمۇ جاراڭلىق ئاتالدى.

ئەنئەنىۋى كەسىپلەر سۈمۈرغەدەك ئوتتا تاۋلاندى، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەر جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. شىنجاڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنىڭ يېڭى موتورىنى ئۈزلۈكسىز قوزغاتتى، 3 ـ كەسىپنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا تۆھپە قوشۇش نىسبىتى 2014 ـ يىلدىكى 36.5%تىن 2019 ـ يىلدىكى 66.7% كە ئۆستى.

## ئېچىۋېتىش، ئىلگىرىلەشنىڭ بىر پارچە ھەيۋەتلىك يۈگمە رەسىمى

يېقىندا ئاياغلاشقان شيامېن خەلقئارا مەبلەغ سېلىش سودا يەرمەنكىسى ۋە يىپەك يولى مەبلەغ سېلىش يىغىنىدا، شياڭگاڭ فۇجيەن سودىگەرلەر تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى، شىنجاڭ جيېنباڭ ئىگىلىك تىكلەشكە مەبلەغ سېلىش چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى جيڭ ۋۇفاڭ كۈچۈك ناھىيەسىدە 2 مىليارد 500 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، كۆمۈر يەتكۈزۈش كارىدورى قۇرۇلۇشى قىلىشنى قارار قىلدى. «بۇ يەرنىڭ تىجارەت ـ سودا مۇھىتى ياخشى، تەرەققىيات ئىستىقبالى ياخشى ئىكەن، بىزنىڭ تېخىمۇ چوڭ بازارنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىشەنچىمىز بار» دېدى جيڭ ۋۇفاڭ.

ياخشى تىجارەت ـ سودا مۇھىتى جەلپ قىلىش كۈچى، رىقابەت كۈچىگە ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئىگە.

ئالتە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ دادىللىق بىلەن پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىپ، ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىپ، ھۆكۈمەت بىلەن بازارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۈزلۈكسىز قايتا ئورنىتىپ، پۇل مۇئامىلە، مالىيە ـ باج، جەمئىيەت ئىشلىرى قاتارلىق كۆپ ساھەدىكى ئىسلاھاتنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنىڭ سىجىل ياخشىلىنىشىغا تۈرتكە بولۇپ، بازارنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىجادچانلىق كۈچىنى زور دەرىجىدە قوزغاتتى.

بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا قەدەر، شىنجاڭدىكى ھەر خىل بازار سۇبيېكتلىرى (بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 1 مىليون 977 مىڭغا يېتىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا يېڭى قان قوشۇپ، ئۆسۈپ يېتىلىش ئۈمىدىگە تولدى.

يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنىڭ ئالغا سىلجىتىلىشى بىلەن شىنجاڭ تېخىمۇ كەڭ تەرەققىيات بوشلۇقىغا ئېرىشتى.

بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئۈرۈمچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەش جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى تۈگۈن نۇقتا شەھىرى تەستىققا ئېرىشىپ، جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى يىغىلىش مەركىزى ئۈلگە قۇرۇلۇشى قۇرۇلۇشىنى قانات يايدۇردى؛ ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق ـ پورت رايونىدىكى 34 نۇقتىلىق تۈردە قۇرۇلۇش باشلىنىپ، 1 مىليارد 286 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش تاماملاندى؛ قورغاس جۇڭگو تىبابىتى دورا ماتېرىياللىرى ئىمپورت ـ ئېكسپورت پورتى، گىرىم بۇيۇملىرى ئىمپورت ـ ئېكسپورت پورتى، دورا ئېكسپورت پورتىنىڭ ۋۇشىسكا يوپۇقى رەسمىي ئېچىلىپ قويۇلدى... تېپىلغۇسىز مۇھىم، زور پۇرسەت ئالدىدا، شىنجاڭ «بىر پورت، ئىككى رايون، بەش چوڭ مەركەز، پورت ئىقتىساد بەلبېغى»نى يېتەكچى قىلىپ، ئېچىۋېتىش، ئىلگىرىلەش تەرەققىياتىنىڭ يۈگمە رەسىمىنى سىزىپ چىقتى.

ئالتە يىلدىن بۇيان، «شىنجاڭ ئىچىنى ھالقىسمان تۇتاشتۇرۇش، شىنجاڭغا كىرىپ چىقىشنى تېزلىتىش» چوڭقۇرلىشىپ، شىنجاڭنىڭ ئىستراتېگىيىلىك قاتناش سىستېمىسى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتى؛ شەرق بىلەن بىرلىشىپ غەربكە چىقىرىش يولىنىڭ رولى كۈنسايىن گەۋدىلىنىپ، ۋاقىت ۋە بوشلۇق جەھەتتە دۇنيا بىلەن زىچ باغلاندى، شۇنداقلا يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات ئاساسى ۋە زاپاس كۈچى مۇستەھكەملەندى.

4G تورى شەھەر ـ يېزىلارنى قاپلىدى، 5G تورى قۇرۇلۇشى مۇقىم قەدەمدە ئالغا سىلجىتىلدى، ئەڭ چەت ياقىدىكى يېزا ـ كەنتلەر، ئەڭ يىراقتىكى چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدىكى دېھقان ـ چارۋىچىلارمۇ سىن ئارقىلىق دۇنيادىكى خەۋەرلەر بىلەن ئالاقىلىشەلەيدىغان بولدى... بۈگۈنكى شىنجاڭ ئۇچۇر يېگانە ئارىلىق ھالىتىنى تۈگىتىپ، تەرەققىيات چوڭ دولقۇنىغا قوشۇلدى.

دولقۇن ئۆرلەپ كۆرۈندى دەريا يۈزى بىپايان، ئوڭ شامالدا كېمىلەر يەلكەن ئاچتى بەخىرامان. يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىدە، شىنجاڭ تېخىمۇ تەشەببۇسكار قىياپەت، تېخىمۇ مەزمۇت قەدەم بىلەن يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنىڭ يېڭى زېمىنىغا قەدەم قويىدى.

---

يۇرتنى سۆيۈش شىنجاڭنى سۆيۈش

شۇ شىنۋېن:

# زاراڭزا ئېچىلدى قوشنا ـ قولۇملار بېيىدى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جەزىرە نىسىپبېك

«بۇ يىل، شىركەت بېيجىڭ تۇڭرېنتاڭ (گۇرۇھ) چەكلىك شىركىتى بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى قولغا كەلتۈردى، بۇ، شۇ جايدىكى زاراڭزىنىڭ قوشۇلما قىممىتىنى يەنىمۇ ئاشۇرىدۇ.» دېھقانلارنىڭ ئورگانىك يەرنى ئېتىراپتىن ئۆتكۈزۈش، ئەلا سۈپەتلىك ئۇرۇقنى ھەقسىز تارقىتىش، پىششىقلاش زاۋۇتى قۇرۇش، نامراتلارنى يۆلەش فوندى تەسىس قىلىشقا ياردەم بېرىش... زاراڭزا كەسپىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئىلى ياچىنا يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى شۇ شىنۋېننىڭ غەيرىتى تولۇپ تاشتى.

توققۇزتارا ناھىيەسىدىن چىققان شۇ شىنۋېن سىرتتا 17 يىل ئىگىلىك تىكلىگەن. تۆت يىل ئىلگىرى، ئۇ كەسىپتە ئۇتۇق قازىنىپ يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، چاپچالنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتى بولغان زاراڭزا يېغىنى تاسادىپىي تېتىپ قېلىپ، يېڭى سودا پۇرسىتىنى بايقىدى، «مېنىڭچە بۇ خىل ياغ ناھايىتى تەملىك، باھاسىمۇ ناھايىتى ئەرزان ئىكەن».

قىزىقىش بىلەن شۇ شىنۋېن چاپچالغا بېرىپ زاراڭزا كەسپىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، شۇ جايدىكى تاغلىق رايوندا زاراڭزا تېرىيدىغان دېھقانلارنىڭ ناھايىتى كۆپلۈكىنى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرىنىڭ نامرات ئائىلىلەر ئىكەنلىكىنى، لېكىن شۇ جايدا زاراڭزا كەسىپ زەنجىرىنىڭ شەكىللەنمىگەنلىكىنى بايقىدى. «مەن شۇ ھامان قېتىلىپ قايتا ئىگىلىك تىكلەپ، ئۆزۈمگە بىر پۇرسەت بېرىشنى، شۇنداقلا يۇرتداشلارنىڭ زاراڭزا گۈلدەك ياخشى كۈنگە ئېرىشىشىگە تۈرتكە بولۇشنى قارار قىلدىم» شۇ شىنۋېن دەرھال مەخسۇس زاراڭزا مەھسۇلاتىنى پىششىقلايدىغان بىر شىركەتنى رويخەتكە ئالدۇردى.

2017 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، شۇ شىنۋېن شىركىتى غۇلجا شەھىرىگە 40 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان، چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ جاغىستاي بازىرى جاغىستاي كەنتىگە جايلاشقان زاراڭزا كەسىپ باغچىسىغا كۆچۈرۈپ كەلدى. كەسپلەر باغچىسى قۇرۇلغان دەسلەپتە، شۇ جايدىكى ھۆكۈمەت زور كۈچ بىلەن سودىگەر چاقىرغان، لېكىن جۇغراپىيەلىك ئورنى چەت ـ ياقا بولغاچقا، زەيتۇن شېخىنى تاپشۇرۇۋالىدىغان سودىگەرلەر ناھايىتى ئاز بولغان. «ئۇ ۋاقىت قىلغاندا مەسئۇلىيەتچان بولۇش كېرەك. بىز بۇ يەرگە تايىنىپ زاراڭزا كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، كۆپرەك شۇ جايدىكىلەرگە ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە تەرەققىي قىلىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىپ، جەمئىيەتكە جاۋاب قايتۇرۇشىمىز كېرەك» دېدى شۇ شىنۋېن.

شۇ يىلى چاغاندىن كېيىن، ئۇ بىر تەرەپتىن ئۈسكۈنە سېتىۋېلىپ، بىر تەرەپتىن ئىشخانا بىناسى سېلىپ، شىركەتنى تېزدىن ئىشقا كىرىشتۈردى. دېھقانلارنىڭ زاراڭزا تېرىش ئەھۋالىنى چوڭقۇر ئىگىلەش ئۈچۈن، ئۇ ئەترەتتىكىلەرنى باشلاپ ھەربىر تېرىقچىلىق ئائىلىسىنى زىيارەت قىلىپ، جاغىستاي بازىرىنىڭ ئىككى كەنتىدىكى 440 ئائىلىلىك كەنت ئاھالىسىنىڭ 12 مىڭ مودىن ئارتۇق ئورگانىك يەرنى ئېتىراپتىن ئۆتكۈزۈشكە ياردەم بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە 72 ئائىلە نامرات ئائىلە ئىدى. ئورگانىك يەر ئېتىراپتىن ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن، دېھقانلار ساتقان زاراڭزىنىڭ باھاسى ئۆرلىدى، گەرچە شىركەتنىڭ سېتىۋېلىش تەننەرخى ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق بىۋاسىتە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇردى، شۇنداقلا جاغىستاي بازىرى زاراڭزىسىنىڭ تونۇلۇش دەرىجىسىنى ئۆستۈردى.

2017 ـ يىلى زاراڭزا سېتىۋالغاندا، شۇ شىنۋېن ئۆچرەتتە تۇرغان كىشىلەر توپى ئىچىدە پاكار بىر ئادەمنىڭ سىيماسىنى كۆرۈپ، سۈرۈشتۈرۈپ ئۇنىڭ ئاقيار كەنتىدىكى تۇرغانباي ئوغۇسباي ئىسىملىك نامرات ئاھالە ئىكەنلىكىنى، ئىككى پۇتىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە مېيىپ ئىكەنلىكىنى بىلدى. شۇ شىنۋېن ئۇنىڭ ئۆيىنى زىيارەت قىلىپ ئەھۋال ئىگىلەپ، ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان زاراڭزا تېرىش، باقمىچىلىق ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش لايىھەسىنى تۈزۈپ بەردى. بۈگۈنكى كۈندە، نامراتلىق قالپىقى ئېلىۋېتىلگەن تۇرغانباينىڭ يانچۇقى تومپايدى، ئۆزىمۇ روھلىنىپ قالدى.

شۇ شىنۋېن مۇنداق دېدى: «ئادەم ياشىغان ئىكەن جەمئىيەتتە قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. ئىگىلىك تىكلەش ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ كىشىگە ياردەم بېرىش دەل مېنىڭ كىشىلىك ھايات قىممىتىمنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئەڭ ياخشى كەسىپ، مەن چىن قەلبىم، چىن ھېسسىياتىم بىلەن ياخشى ئىشلەيمەن».

---

پۇرقەت ھوشۇر:

# ئالدىدا مېڭىپ ئۈلگە بولىمەن

بىرىنچى سەپتە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرغان قەھرىمانلار شەجەرىسى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاۋ يۈ

«كۈز، قىش پەسلى نەپەس يولى يۇقۇملۇق كېسەللىرى كۆپ يۈز بېرىدىغان پەسىل، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ دائىملاشقان ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەشتە، بىز قىلچىمۇ بىخەستەلىك قىلالمايمىز»دېدى 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزى سوزۇلما خاراكتېرلىك يۇقمايدىغان كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش ئورنىنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى تارقىلىشچان كېسەللىكلەر ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى پۇرقەت ھوشۇر مۇخبىرغا.

بۇ قېتىم يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئاغرىق مەسىلى دوكلاتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، پۇرقەت بىرىنچى ۋاقىتتا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ تارقىلىشچان كېسەللىكلەر ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش خىزمىتىگە ئاتلاندى. تارقىلىشچان كېسەللىكلەر ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش مۇتەخەسسىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ دۆلەت، ئاپتونوم رايون ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى تېخنىك خادىملار بىلەن بىرلىكتە، تارقىلىشچان كېسەللىكلەر ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش، سانلىق مەلۇماتنى ئانالىز قىلىش، يۇقۇم ئەھۋالىغا ھۆكۈم قىلىشنى بىرلىشىپ قانات يايدۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشكە قوماندانلىق قىلىش تەدبىرى بەلگىلىشىنى ئاچقۇچلۇق ئاساس بىلەن تەمىنلىدى.

«تارقىلىشچان كېسەللىكلەر ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش يۇقۇمنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ، بىزنىڭ قىلىدىغىنىمىز بارلىق ئامىللارنى ئىشلىتىپ مەسىلىنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ چىقىش.» پۇرقەت مۇنداق دېدى: تارقىلىشچان كېسەللىكلەر ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشكە نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، يۇقۇمنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئىزدەپ تېپىش، قويۇق ئۇچراشقۇچىلارنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش، تارقىلىش يولى ۋە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللارنى كۆرسىتىپ بېرىش، يوشۇرۇن مەزگىلنى بېكىتىش قاتارلىقلار ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرىنىڭ ئۈنۈمىگە باھا بېرىش، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەكلىپى بېرىشنى مۇھىم ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئىلگىرى سارس، H1N1 تېز يۇقىدىغان قۇش زۇكىمى قاتارلىق يۇقۇملارنى بىر تەرەپ قىلىشقا قاتناشقاچقا، پۇرقەتنىڭ يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە مول تەجرىبىسى بار ئىدى. يىل بېشىدا پۈتۈن مەملىكەتتە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى كۆرۈلگەن مەزگىلدە، ئۇ شىنجاڭ ئىچىدىكى بەش ۋىلايەت، ئوبلاست ھەم ئۈرۈمچىدە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشكە يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. بۇ قېتىم يۇقۇم يۈز بەرگەندە، ئۇ يەنە بىر قېتىم ئاپتونوم رايوننىڭ تارقىلىشچان كېسەللىكلەر ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولۇپ تەيىنلەندى.

يۇقۇم مەزگىلىدە، پۇرقەت دۆلەت، ئاپتونوم رايوننىڭ ھەم كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش سىستېمىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنلىرىدا، كۆپ قېتىم سىنلىق دەرس ئۆتۈپ ھەم تارقىلىشچان كېسەللىكلەر ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش كەسپىي تەجرىبىسىنى ھەمبەھرە قىلدى. ئۇ يەنە دۆلەتنىڭ تارقىلىشچان كېسەللىكلەر ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىغا ماسلىشىپ، تارقىلىشچان كېسەللىكلەر ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش قېلىپىنى تۈزۈپ، تارقىلىشچان كېسەللىكلەر ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش دوكلاتىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، تارقىلىشچان كېسەللىكلەر ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش تەرتىپىنى تولۇقلاپ مۇكەممەللەشتۈردى.

پۇرقەت «سىز نەگە باردىڭىز، كىم بىلەن كۆرۈشتىڭىز، قانداق ئۇچراشتىڭىز»دېگەن بۇ بىرنەچچە جۈملە سۆزنى تېلېفوندا سانسىز قېتىم دېدى، قىسقىغىنا ئىككى ـ ئۈچ مىنۇتتا ئۇ نەچچە ئون ئۇچۇرغا ئىگە بولاتتى. «ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىقنىڭ كېسەل قوزغىلىشتىن ئىككى كۈن بۇرۇنقى ھەرىكەت ئىزىغا ئاساسەن قويۇق ئۇچراشقۇچىنى بېكىتىشكە بولىدۇ، ئاغرىقنىڭ 14 كۈنلۈك ھەرىكەت ئىزىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئېھتىماللىقى بولغان يۇقۇم مەنبەسىنى ئىزدەپ تاپقىلى بولىدۇ... گىرەلەشمە نۇقتىنى ئانالىز قىلىپ تېپىش، قويۇق ئۇچراشقان كىشىلەر توپىنى ئايرىۋېتىش ئارقىلىق ۋىرۇسنىڭ تارقىلىش دائىرىسىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلىگىلى بولىدۇ»دېدى ئۇ.

«پەقەت قارشى تەرەپنىڭ نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئويلاشقاندىلا، ئاندىن كىشىنىڭ كۆڭلىنى بىلگىلى بولىدۇ.» پۇرقەت تارقىلىشچان كېسەللىكلەر ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرغاندا، مۇلايىم گەپ قىلىپ، تېلېفوننىڭ قارشى تەرىپىدىكى كىشىنى دوست دەپ بىلىپ، ۋېيشىن، تېلېفوندا مۇڭداشتى ھەتتا مۇداپىئەنى ياخشى قىلىش ئالدىنقى شەرتتە ئاغرىق بىلەن يۈزتۇرا ئۇچرىشىپ، كۆپلىگەن كېرەكلىك ئۇچۇرغا ئېرىشتى.

تارقىلىش زەنجىرىنى ئانالىز قىلىش، يۇقۇمنىڭ كېلىش مەنبەسىنى تەكشۈرۈپ تېپىش، قويۇق ئۇچراشقانلارنى تېزدىن رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش، يۇقۇمغا ھۆكۈم قىلىش، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى يوچۇقنى بايقاش، يۇقۇمنىڭ تارقىلىشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىلنى بېكىتىش... ھەر كۈنى جاپالىق تارقىلىشچان كېسەللىكلەر ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش خىزمىتى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، پۇرقەت داۋاملىق شۇ كۈنلۈك دوكلاتنى تاماملايتتى ھەم ۋاقتىدا يۇقىرىغا يوللايتتى.

«مەن پارتىيە ئەزاسى، مەن جەزمەن ئالدىدا مېڭىشىم، ئۈلگە بولۇشۇم كېرەك. مەن قابىلىيىتىمنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قوغدايمەن» دېدى پۇرقەت قەتئىيلىك بىلەن.